# سلەرنىڭ بىرىڭلار مەسچىتكە كىرگەندە: ئى ئاللاھ! ماڭا رەھمەت ئىشىكىڭنى ئېچىۋەتكىن دېسۇن، مەسچىتتىن چىقىدىغان ۋاقىتتا: ئى ئاللاھ! مەن سەندىن پەزلى-رەھمىتىڭنى سورايمەن دېسۇن

ئەبۇ ھۇمەيد ياكى ئەبۇ ئۇسەيد مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سلەرنىڭ بىرىڭلار مەسچىتكە كىرگەندە: ئى ئاللاھ! ماڭا رەھمەت ئىشىكىڭنى ئېچىۋەتكىن دېسۇن، مەسچىتتىن چىقىدىغان ۋاقىتتا: ئى ئاللاھ! مەن سەندىن پەزلى-رەھمىتىڭنى سورايمەن دېسۇن».

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە مەسچىتكە كىرگەندە ئوقۇلىدىغان: «ئى ئاللاھ! ماڭا رەھمەت ئىشىكىڭنى ئېچىۋەتكىن» دېگەن دۇئانى ئوقۇپ، ئاللاھ تائالادىن ئۆزىگە رەھمەتنىڭ سەۋەپلىرىنى تەييارلاپ بېرىشنى سوراش، مەسچىتتىن چىققاندا: «ئى ئاللاھ! مەن سەندىن پەزلى-رەھمىتىڭنى سورايمەن»دېگەن دۇئانى ئوقۇپ ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىنى، ياخشىلىقنى زىيادە قىلىپ بېرىشنى ۋە ھالالدىن رىزىق قىلىپ بېرىشنى تىلەشنى تەلىم بەردى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65092

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee